# كۆڭلۈم

(شېئىرلار)

ھەببۇللا ئابدۇبەر

ياڭغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: ياڭغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

1

## كۆڭلۈم

ئويلىغانغا ئوخشىماس دۇنيا،
رەنجىمىگىن شۇندىمۇ كۆڭلۈم.
هاياتلىقنىڭ مۇهەببىتى بار،
تىكەندىمۇ گۈلدىمۇ كۆڭلۈم.

بوستانلاردىن ئارتۇق مېهىر بار،
ئۆزۈڭ كۆنگەن چۆلدىمۇ كۆڭلۈم.
هەركۈندە بولمايدۇ باهار،
ئاققۇ چۈشكەن كۆلدىمۇ كۆڭلۈم.

ئۆچتى دىمە جىمىپ كەتكەننى،
چوغ بولىدۇ كۈلدىمۇ كۆڭلۈم.
چىش كۆرسەتسە خۇشخۇي دىمىگىن،
بىل خىرىسمۇ كۈلدىمۇ كۆڭلۈم.

ئۈمىدلەرنى پەرۋىش ئەتسپ تۇر،
مەيلى يامان كۈندىمۇ كۆڭلۈم.
تاڭلار بارغۇ رىزقىڭلا بولسا،
مەيۈسلەنمە تۈندىمۇ كۆڭلۈم.

سەن سۆيگەنلەر ئويلىغىن قېنى،
سېنى ياخشى كۆردىمۇ كۆڭلۈم.
سەن ئۆزۈڭنى بەرگەندەك بۆلۈپ،
ئۇلار كۆڭۈل بۆلدىمۇ كۆڭلۈم.

يالغۇز قالدىڭ ئېغىر كۈنلەردە،
يېقىنلىرىڭ ئۆلدىمۇ كۆڭلۈم.
سەنغۇ كۈنۈپ يۈردۈڭ ئۇلارغا،
ئۇلار ساڭا كۆندىمۇ كۆڭلۈم.

ئەتراپىڭدا تالاي چىرايلىق،
شەيتاندىمۇ ھۆردىمۇ كۆڭلۈم؟
ياقتۇرمايسەن ئەجەپ پەگانى،

# ئارزۇلىرىڭ تۆردىمۇ كۆڭلۈم؟

## 2

## سەن نىمىشقا يوق؟

كەلدى نەچچە ياز نەچچە باھارمۇ،
بولۇپمۇ ئۆتتى نەچچە قىش سوغوق.
ياغدى ئاسماندىن يامغۇرمۇ قارمۇ،
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن نىمىشقا يوق؟

يالغۇز ئولتۇرۇپ كىنو كۆرىمەن،
يامغۇر ياغقاندا تەنها يۈرىمەن،
سېغىنىشلارنى ئۆزۈم بىلىمەن.
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن نىمىشقا يوق؟

بولساڭ ئەگەردە بىللە كۆرەتتۇق،
يامغۇرلاردىمۇ بىللە يۈرەتتۇق.
ئويغىنىپ تاڭدا بىللە كۈلەتتۇق،

ھە راست سۆيگۈنۈم سەن نىمشقا يوق؟

گۈلۈم قورقاتتىڭ گۈلدۈرمامىدىن،
بالقىيتتى مېھىر قەلبىڭ شامىدىن.
قىلاتتىڭ قەسەم سۆيگۈ نامىدىن،
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن نىمشقا يوق؟

كەتتى يىگانە ھېيتلار روزىلار،
ئويلىسام سېنى كۆڭلۈم بۇزىلار.
ئۇشبۇ جۇدالىق نەگە سوزىلار،
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن نىمشقا يوق؟

ھاياتىم ياكى يالغۇز كىشلىكمۇ؟
كېلەلمەسلىكىڭ ياكى ئۆچلۈكمۇ؟
ئاداۋەت ياكى شۇنچە كۈچلۈكمۇ؟
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن نىمشقا يوق؟

ئىختىيار ئەمەس چۈشسەن ئەسكە،

سىڭىپ كېتىپسەن  ھەربىر نەپەسكە،
ئۆچتۈڭمۇ ئىگىز قالدۇرۇپ پەسكە؟
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن ئىمشقا يوق؟

كىسەلدىن نەچچە يىقىلغان كۈنۈم،
مەن بار!دىسەڭلا ساقايغان گۈلۈم.
ئىزدەيدۇ ھەريان ئاشىق كۆزلۈرۈم،
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن ئىمشقا يوق؟

مۇسى ئىدۇق ئىككى دەرەخنىڭ،
قايغۇسى ئىسىي سۆيگۈسى نەخنىڭ.
كاجكى ۋەجىدىن قايسى سەۋەپنىڭ،
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن ئىمشقا يوق؟

ئوخشاش باھاردا بىللە ئۆزىساق،
ئوخشاش پەسىلدە بىللە مۇزلىساق.
ئارتۇق ئىشلارغا كۆڭۈل بۇزمىساق،
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن ئىمشقا يوق؟

ھەربىر كېچەمگە بولاتتىڭ سەھەر،
ئىزلەيدۇ سېنى مەن تۇرغان شەھەر.
خىياللار مەندە تاتلىق شۇقەدەر،
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن نىمىشقا يوق؟

سۆيگۈنۈم كەبى ئۆزۈمدىن بەكرەك،
ئۆزگىلەر مېنى سۆيمەسمۇ سەندەك.
ھەبىرمىنۇتۇم دەيدۇ: سەن كېرەك؟
ھە راست سۆيگۈنۈم سەن نىمىشقا يوق؟

**3**

## باھاسىز بايلىق

قۇياش كۈلسە كۈلۈپ يۈرۈكۈم
بۇلۇت كەلسە غەمدە قالىمىغىن.
مېھرىڭ بولسۇن ھەربىر گىياھقا،
شامال كەبى سۆيۈپ قانىمىغىن.

سەندە باھار ئالەمدە باھار،
سەن سوۋىساڭ سوۋۇيدۇ ئالەم.
كارى چاغلىق ئايسىز كېچىنىڭ،
سەن يورۇساڭ يورۇيدۇ خانەم.

باغاش ئەتكىن باياۋاننىمۇ،
بوستانلارنىڭ قوينىدا يۈرمەي.
بىلمەس بۇلبۇل باھار قەدرىنى،
ئەل ئۆمرىدە زىمىستان كۆرمەي.

قۇچاقلاپ قوي ئىگىز تاغلارنى،
سۆيۈپ تۇرۇپ ئىككى مەڭزىگە.
قەدىمىڭدىن زىمىن سۆيۈنسۇن،
مېھرىڭ بىلەن كېلىپ لەرزىگە.

ئەكىس ئەتسۇن كۆزۈڭدىن ئاسمان،
ئەلگە كۈلۈپ باققان چېغىڭدا.
ۋايىسمىغىن ئوتىدا كۆيۈپ،

دەرياسىدا ئاققان چېغىڭدا.

خىسلەت بولسۇن سەندە باشقىچە،
داڭلىقلاردىن بولالمىساڭمۇ.
ئالتۇن كۆڭۈل باھاسىز بايلىق،
ئالتۇن كۈمۈش ئالالمىساڭمۇ.

4

## يوق ئىكەن

شۇئىرغان ھۇۋۇلايدۇ بۇ سوغۇق تۈندە،
دىلىمنى مۇزلاتتى ھىجران باغچىسى.
پىچىرلاپ ئېيتىمەن بىچارە ئۆندە:
يوق ئىكەن قەلبىمگە سەندىن ياخشىسى.

غايىپ بىر ئوق كىلىپ تەگدى يۈرەككە،
نىچۈنكى قەيسەرلىك كەلمەس كېرەككە.
شاھىدمەن تۆرەلگەن مىسكىن تىلەككە،

يوق ئىكەن قەلبىمگە سەندىن ياخشىسى.

ئازاپلار يىلاندەك جىسمىمنى چىرماپ،
جان قۇشۇم تېپىرلار ئەنسىز ۋىچىرلاپ.
بىر تۇيغۇ كېلىدۇ جېنىمنى خورلاپ،
يوق ئىكەن قەلبىمگە سەندىن ياخشىسى.

ئاۋارە ھالىمنى بەلكىم بىلمىدىڭ،
نەزەرسىز قالدۇرۇپ رەھىم قىلمىدىڭ.
دېرىزەم ئېچىلسا كىرەرمۇ ھېدىڭ،
يوق ئىكەن قەلبىمگە سەندىن ياخشىسى.

## 5

## ئېيت

سۇناي دېدى سەبرىم ئىگىلىپ،
بۇ دەرتلەرنى قانداق كۆتۈرەي؟
تۇرسا دىلدا تۇگۈن چىگىلىپ،

ئېيت ئۆزۈمنى قانداق كۆلدۈرەي؟

ئولتۇرىمەن ئېغىر نەپەستە،
تىزالماستىن سەن ئۈچۈن دەستە.
دەرت پىيىمدا ئازاپلار قەستە،
ئېيت ئۆزۈمنى قانداق كۆلدۈرەي؟

غەمكە چۆكۈپ يۈرگىنىم يۈرگەن،
مىسكىن خىيال سۈرگىنىم سۈرگەن.
ياپراق تۇرسام شاختىن تۆكۈلگەن،
ئېيت ئۆزۈمنى قانداق كۆلدۈرەي؟

باغلىرىمغا بالدۇر كەلدى كۈز،
ھېچ بىر يورۇق بەرمىدى كۈندۈز.
قالدى تالاي ئېيتىلمىغان سۆز،
ئېيت ئۆزۈمنى قانداق كۆلدۈرەي؟

ئۈمىد بىلەن كۈتكىنىم قېنى،

تاغلار ئېشىپ ئۆتكىنىم قېنى،
كاۋاپ قىلسا ھىجران يالقۇنى:
ئېيت ئۆزۈمنى قانداق كۈلدۈرەي؟

ماڭا قاراپ دوستلىرىم دەرتتە،
دۈشمەنلىرىم كۈلەر ئەلۋەتتە.
تۇرماي تۇرۇپ بەخت تەرەپتە،
ئېيت ئۆزۈمنى قانداق كۈلدۈرەي؟

قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قاپتىمەن،
قايغۇلارغا تولۇپ قاپتىمەن.
ئەينەك كەبى سۇنۇپ قاپتىمەن،
ئېيت ئۆزۈمنى قانداق كۈلدۈرەي؟

**6**

## ۋاي ئېسىت كەپتەرلىرىم!

قاتىللىك ئوغرى مۈشۈك ۋاي ئېسىت كەپتەرلىرىم!

بولدىڭغۇ باغرىم ئۆشۈك ۋاي ئېسىت كەپتەرلىرىم!
دان بېرىپ ئاغزىم بىلەن باققىنىم قېنى مىنىڭ؟
قايغۇدا ئۇنۇم ئۆچۈك ۋاي ئېسىت كەپتەرلىرىم!

بىرى كۆك بىرى ئاپئاق ۋاي بىرى موللاقچىدى،
باغلىنىپ شۇلار بىلەن ھەركۈنۈم خۇشۋاق ئىدى.
نە قىلاي كەتتى ئۆلۈپ ئىككىسى قوشماق ئىدى،
ئۇيقۇمۇ بولماس تۈزۈك ۋاي ئېسىت كەپتەرلىرىم!

شۇنچە ئۆي تۇرسا ئەجەپ بىرمىنى تاپقاننى كۆر،
ئازمىكىن يىگەنلىرى ئوغرىلاپ قاچقاننى كۆر.
شۇنىجىس تۇتماي يۈرۈپ سەمرەر چاشقاننى كۆر،
خەپ سېنى ناكەس مۈشۈك ۋاي ئېسىت كەپتەرلىرىم!

باچكىتى بىرى تېخى ئەمدىلە سالغان قانات،
چاڭگىلىڭ قويماپتۇ بوش دىگۈزۈپ كەلگەنگە دات!
بىرى ۋاي بولدى مېيىپ قالسىمۇ گەرچە ھايات،
ماڭا بۇ نە كەلگۈلۈك ۋاي ئېسىت كەپتەرلىرىم!

بەرمىگەن يۈزمىڭغىمۇ بىرىنى ئەرزان بىلىپ،
قوش باھا ساتماقچىدىم بىرىنى ئەرزان ئېلىپ.

قويدىڭا دەرتكە نىتەي سەن مېنى ۋەيران قىلىپ،
جان بېرىپ كەتتىڭ نىچۈك ۋاي ئېست كەپتەرلىرىم!

ئۆنلىسە «بۇق بۇق»قىلىپ خوي ئارام تاپقانىدىم،
بىرگە ئىچىم كۆيۈپ نەزمىگە قاتقان ئىدىم.
شۇڭىمۇ قەپەس ياساپ ئۈستىنى ياپقانىدىم،
بىمەھەل بولدى ئۆلۈك  ۋاي ئېست كەپتەرلىرىم!

نىمە دەي باستى ئەلەم چىدىماي ئاچتىم هازا،
دەرتتە مەن شۇندىن بېرى بۇ يۈرەك ئەمەس تازا.
بىرقېتىم كۆرسەم مۈشۈك ئاچچىغىم مىڭلارچە بار،
غەزىپىم ئەردى مۈلۈك  ۋاي ئېست كەپتەرلىرىم!

7

## نويابىرنى سۆيۈپ قويايلى

ئۆكتەبىرمۇ ئۆتۈپ كەتتىغۇ،
قاقىرلاردەك ئۇچۇپ ئالدىمدىن.
نويابىرنىڭ قۇچىقىدا مەن،

شەپە بېرىپ يېڭى ھالىمدىن.

چۈشكەن ياپراق ئۆمىدكە مىسال،
كېلەر بولغان ئەتىياز ئۈچۈن.
سارغايغاندا تۆگەشتى دىمەڭ،
بىخلىنىدۇ قايتىدىن بىركۈن.

زىمىستان ئۇ باھارنىڭ قەدرى،
دېرەك بېرەر قارلىرى قۇتتىن.
سىرتتا سوغۇق ئالسىمۇ ئەۋج،
خوشالدۇرمىز ئۆيدىكى ئوتتىن.

سالام دەيلى نويابىرغىمۇ،
ئۇ ئۆمۈرنىڭ يېڭى مەنزىلى.
خازان باسقان يوللىرى بەلكىم،
باشقىچە بىر ھېكمەت تەمسىلى.

سۆيۈش بىلەن ھايات مەنىلىك،

بەخىت كەلمەس كۆڭۈل ئەرزىگە.
قېنى قەلبىم سۆيۈپ قويايلى،
نويابىرنىڭ ئىككى مەڭزىگە .

8

## قىزغانغانچە چۈشۈڭدىن

كىچە بولسا مەندە مىڭ خىيال،
سۆيگۈ ئىزلەپ كەچۈرمىشىڭدىن.
ئويلاپ ئويلاپ بولمەن بىھال،
قىزغانغانچە جېنىم چۈشۈڭدىن.

سۆيۈنەتتىم سۆيەتتىم ئەجەپ،
ئىشقىڭ ئوتى دىلدا كۈيۈۋەجەپ،
سورىغۇم بار كىملەر كىردى دەپ؟
قىزغانغانچە جېنىم چۈشۈڭدىن.

يۈرۈكۈمدە تۈگىمەس غەشلىك،

كۆيدۈرگەندە غايىپ كۆندەشلىك،
هارام بولدى ئۆيقامۇ كەچلىك.
قىزغانغانچە جېنىم چۈشۈڭدىن.

نىدايىمنى بىرى ئاڭلارمۇ؟
بۇ رەشكىنىڭ چارىسى بارمۇ؟
ئېتىپ كىتەر بەلكىم تاڭلارمۇ،
قىزغانغانچە جېنىم چۈشۈڭدىن.

**9**

## كۆڭلۈم سېنى سېغىنار ئانا

يات شەھەردە بالاڭ مۇساپىر،
كىمگە نان دەپ يىلىنار ئانا.
ئۆتۈلدىغۇ قەدرىڭ ئەجەپ بىر،
كۆڭلۈم سېنى سېغىنار ئانا.

كوچىلاردۇر ئادەم دېڭىزى،

كۆرۈنمەيدۇ بوغداي ئېڭىزى،
غېرىپ چۈشتۇر بالاڭنىڭ ئىزى،
كۆڭلۈم سېنى سېغىنار ئانا.

قار باسدۇ كېچە ئۇخلىسام،
يىتىمدۇرمەن ئويغىنىپ تۇرسام.
ئاڭلىدىڭمۇ ئىسمىڭ تولۇسسام،
كۆڭلۈم سېنى سېغىنار ئانا.

سەرگەردانىنىڭ تەلىيمۇ كاج،
بىچارەڭمەن مېھرگە مۇھتاج.
يۈگرۈپ باراي قۇچۇقۇڭنى ئاچ،
كۆڭلۈم سېنى سېغىنار ئانا.

باغلانغاندا ساڭا چۈشۈممۇ،
ئىش بولمايدۇ قىلغان ئىشىممۇ.
مۇزلىتىدۇ يازمۇ قىشىممۇ،
كۆڭلۈم سېنى سېغىنار ئانا.

سەن بولمىساڭ تاشقا ئوخشايمەن،
ئېشىپ قالغان ئاشقا ئوخشايمەن.
چاناقتىكى ياشقا ئوخشايمەن،
كۆڭلۈم سېنى سېغىنار ئانا.

سامان بولدى غەمدە چىرايىم،
نىمە ئىكىن قىلغان گۇناھىم.
يەتكەي ساڭا غېرىپ نىدايىم،
كۆڭلۈم سېنى سېغىنار ئانا.

**10**

## سىنى گۈلۈم «شائىرە»دەيمەن

غەزەل نەزمە يازالمىساڭمۇ،
سىنى گۈلۈم «شائىرە»دەيمەن.
سۆيۈملۈكسەن سۆكۈت قىلساڭمۇ،
سىنى گۈلۈم «شائىرە»دەيمەن.

قاشلىرىڭدىن تۆكۈلەر داستان،
ساچىڭ مىسلى «قاپقارا»بوستان.
ئۆز ئىسمىنى قەلبىمگە يازغان،
سىنى گۈلۈم «شائىرە»دەيمەن.

ئوقۇرمېنىڭ ھەۋەسكارىڭ مەن،
ئەنسىرەرىڭ سېغىنارىڭ مەن.
يازدۇرىسەن يازمىغان بىلەن،
سىنى گۈلۈم «شائىرە»دەيمەن.

**11**

## كەتكىن

تاڭغان يۈرەك تۇغدۇ ئازار،
ئۆزبەختىڭگە يەتكىن دىلبىرىم.
مۇھەببەتتە سەندە ئىختىيار،
خالىمىساڭ كەتكىن دىلبىرىم.

مىنىڭ ئۆچۈن كۆلگىن دىگۈم يوق،
مېنى مەندەك سۆيگىن دىگۈم يوق.
كۆڭۈل نازۇك كۆڭۈلدۇر ئۇلۇغ،
خالىمىساڭ كەتكىن دىلبىرىم.

يالغان كۈلۈپ قالاي كەينىڭدىن،
ئايرىلىشقا چىداپ سېنىڭدىن.
كەشتە تىكمەس بولۇپ مەيلىڭدىن،
خالىمىساڭ كەتكىن دىلبىرىم.

رەنجىمەيمەن سېنى كەتتى دەپ،
مۇرادىغا مەنسىز يەتتى دەپ.
سۆزلەي دىسەم تالايكەن سەۋەپ،
خالىمىساڭ كەتكىن دىلبىرىم.

## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن، يۈكسەل، **oqugin**

# يانغىن ئېلكىتابلىرى

www.yanghin.net www.yanghin.cn

kitab@yanghin.net admin@yanghin.net